دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمەن

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇنداقلا ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا بەتبەشىرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇنداق ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان، خالىغانچە بوھتان چاپلايدىغان، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان رەزىل قىلمىشىغا قارىتا، مەن قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممەمگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، قەتئىي ھالدا شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدايمەن.

تېررورىزم، ئەسەبىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا جەمئىيەت تېررورىزم، ئەسەبىزمگە زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، غايەت زور قۇربانلىق بەردى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. بىر مەزگىل، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ خەۋپىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. شىنجاڭ ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان، يامرايدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى كۆچەپ يوقىتىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 64 يىلدىن بۇيان، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 80 ھەسسە ئاشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىقلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرى سىجىل ئالغا سىلجىتىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ قاقاسلىشىشتىن گۈللىنىشكە قاراپ مېڭىش، نامراتلىقتىن باياشاتلىققا قاراپ مېڭىش، قالاقلىقتىن يۈكسىلىشكە قاراپ مېڭىشتىن ئىبارەت غايەت زور ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ بىر قاتار شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالغانلىقى، پاكىتقا پەرۋا قىلمىغانلىقى يامان نىيەتلىك جاھىل خاراكتېرلىك بىر تەرەپلىمە قاراش، يامان نىيەتتە تاللاشچان كور بولۇۋېلىشتۇر.

شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ئۇسۇلى ھەم دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھىغا ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى پرىنسىپى ۋە ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تېررورىزم، ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەر ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋېلىنىپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىندى. بولتۇرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان چەت ئەل ئەمەلدارلىرى، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 91 دۆلەتنىڭ 70تىن ئارتۇق ئۆمەك ـ گۇرۇپپىسىدىكى 1000دىن ئارتۇق ئادەم بەس ـ بەستە: شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ تىنچلىقى، ئىتتىپاقلىقى، ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىناق بىللە ياشاۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتنى بىۋاسىتە ھېس قىلدۇق. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۇسۇلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن، تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ، دەپ بىلدۈرۈشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردىكى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقى پۈتۈنلەي پاكىتقا كۆز يۇمغانلىق، تۈتۈرۇقسىز گەپ قىلغانلىق، قوش ئۆلچەم قوللانغانلىق، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسقانلىق.

ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى سىجىل تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاندى، دىنلار ئىناق ـ رايىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش قەدىمىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۈيىقەست ئەخمىقانە خام خىيال. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق مۇقەررەر بىر نىيەتتە تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

# قارا بۇلۇت قۇياشنى توسۇيالمايدۇ ھەققانىيەت ھامان غەلىبە قىلىدۇ

□ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ قوشتولغاي بازىرى قوشتولغاي كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى مەمەتئىمىن سالى

مەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا تۇغۇلغان، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. مەن تۇرۇشلۇق قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ قوشتولغاي بازىرى دوختۇر كەمچىل بولۇش، دورا يېتىشمەسلىكتىن ھازىرقى ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ۋە ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، چەت، يىراقتىكى بېكىنمە ھالەتتىن ھازىرقى ئىشىكتىن چىقسىلا يۇقىرى سۈرئەتلىك يولغا چىقالايدىغان، پويىزغا ئولتۇرالايدىغان بولۇشقىچە، مائارىپ سۈپىتى يۇقىرى بولماسلىقتىن يېزا ـ كەنتلەردىن كەينى ـ كەينىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چىقىشقىچە، كېسەك ئۆيلەردە ئولتۇرۇشتىن ھۆكۈمەت تولۇقلىما بەرگەن ئەمىن ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقىچە... كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان ئەتراپىمىزدىكى بۇ زور ئۆزگىرىشلەردىن مەن بۈگۈنكى ياخشى تۇرمۇشىمىزنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

بۇ بىرنەچچە يىلدا، بىزنىڭ كەنتتىكى مەسچىتنىڭ شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، يېڭىدىن مەدەنىيەت كىتاب ئۆيى، تەرەت ئېلىش ئەسلىھەسى، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا سېلىندى، پۈتۈن كۈن ئىسسىق سۇ بار، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئازادە، يورۇق، پاكىز مەسچىتتە ناماز پائالىيىتىنى قانات يايدۇرالايدۇ. روزا ئېيى مەزگىلدە، ھەر كۈنى ئىپتار ۋاقتىدا، ھۆكۈمەت يەنە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى چاي ۋە پىرەنىك، مېۋە ـ چېۋە ۋە تۈرلۈك ئىللىقلىق مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ قۇربان ھېيت، روزا ھېيت قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزگەندە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەر مىللەت دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئۆيلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ زىيارەت قىلىدۇ، ھال سورايدۇ؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز دىنىي زاتلارغا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخمە سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەل داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بېجىرىپ بەردى، يەنە ئايدا بىزگە تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىدۇ.

قوشتولغاي كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈمكى، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىندى، نورمال دىنىي پائالىيەت قوغدالدى. ھالبۇكى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن 2016 ـ يىلىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى پەيدا قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى. تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ رىيال تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىزم ۋە زوراۋانلىق، تېررورىزمدىن ئىبارەت «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق زەربە بېرىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توستى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، ھەقىقىي تۈردە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھازىر، شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ۋەزىيەت سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەملەندى، دىنلار ئىناق ـ ئېجىل بولدى، شەھەر ـ يېزىلاردا جەمئىيەت تىنچ بولدى، ئۇدا ئۈچ يىلغىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇكى، شىنجاڭ قانۇن بويىچە قوللانغان تەدبىرلەر شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە تەلىپىگە تامامەن ئۇيغۇن.

يېقىندا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، جاھىللىق بىلەن ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. بۇ ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»دە پاكىتقا كۆز يۇمۇلغان، ئاق ـ قارا ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە قارىتا بىر تەرەپلىمىلىك قاراش بىلەن تولغان، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقارغان، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىغا پىسەنت قىلمىغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان «قوش ئۆلچىمى» ۋە ساختا، بەتبەشىرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاپ بەردى. يالغان سۆز ھامان يالغان سۆز، ئۇلار يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە قانچىلىك پۈزۈر «كىشىلىك ھوقۇق» تونىنى كىيدۈرسۇن، ھامان ئۆزىنىڭ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشىنى توسۇشتەك رەزىل نىيىتىنى يوشۇرالمايدۇ. بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقى قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، قەتئىي قوشۇلمايدۇ. قارا بۇلۇت قۇياشنى توسۇيالمايدۇ، ھەققانىيەت ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى ھەققانىيلىقنىڭ رەزىللىككە، مەدەنىيلىكنىڭ ياۋۇزلۇققا قارشى كۈرىشى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشى ۋە ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى.

# ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى قوغدايمەن

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بەتبەشىرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. بۇنىڭغا قارىتا، مەن كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. بىر مەزگىلدىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ» «مىللەت» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «دىن» تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ئەسەبىي دىنىي ئىدىيە ئاساس قىلىپ، بىمەنە سەپسەتە تارقىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنى ئاساسىي ۋاسىتە قىلىپ، نەچچە مىڭ قېتىم ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى پەيدا قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك دوستلۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، بىزنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇش مۇھىتىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ جىنايى قىلمىشى قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىگە ئېغىر، زور زىيان سالدى، ئۇلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى.

ھەر مىللەت ئاممىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈچلۈك ساداسىغا قارىتا، شىنجاڭدا ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلدى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىنىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل ئىناق، مۇقىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ پايدىسى سىجىل قوۋۇپ بېرىلىپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاندى، تۈرلۈك ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئالغا باستى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

لېكىن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار خۇيپىيانە غەرەز بىلەن، باشتىن ـ ئاخىر «رەڭلىك كۆزەينەك» تاقاپ جۇڭگوغا قارىدى، شىنجاڭغا قارىدى، ئۇلار پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى يامان غەرەزدە كۆپتۈرۈپ، جۇڭگوغا خالىغانچە قارا چاپلىدى. ئۇلار جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىگە ھە دەپ ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان، ھەتتا تەلۋىلەرچە جۇڭگونى پارچىلاشقا، مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇشقا كۈشكۈرتىدىغان، قۇترىتىدىغان رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ۋە رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلىدى. قانۇن بويىچە تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسەت تېررورىزم، ئەسەبىزمنى مەنبەدىن يوقىتىش، تامامەن كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتىكى تەدبىر بولۇپ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈندۇر. قانۇن بويىچە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ئەسەبىزم ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، مەجبۇرلانغان ھەم قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرگە قارىتا تەربىيەلەش ـ قۇتقۇزۇۋېلىش، ياردەم بېرىش ـ يېتەكلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش دەل ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈردى، كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاش بىرلەشتۈرۈلگەن تەربىيەلەش ـ قۇتقۇزۇۋېلىش فاكچىنىنى گەۋدىلەندۈردى، بۇ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇقەررەر تاللاشتۇر. ئامېرىكا تەرەپ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، شىنجاڭغا ھە دەپ ھۇجۇم قىلدى، قارا چاپلىدى، بۇ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا تېررورىزم، ئەسەبىزمنى قانات ئاستىغا ئېلىپ يول قويغانلىق، خەلقئارا ئەخلاق ـ ھەققانىيلىققا ۋە ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق، بارلىق ئاق كۆڭۈل ۋە ھەققانىيەتچى كىشىلەر بۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ، بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو خەلقى قەتئىي قوشۇلمايدۇ.

شىنجاڭ مەن تۇغۇلغان، مېنى بېقىپ ئۆستۈرگەن جاي، مەن بۇ گۈزەل تۇپراقنى چوڭقۇر سۆيىمەن. بۈگۈنكى شىنجاڭدا ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاندى، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللەندى، دىنلار ئىناق ـ رايىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى. ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ۋەتەننىڭ مەنپەئىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى قوغدايمەن. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق زىچ ئىتتىپاقلاشسىلا، ئورتاق كۈرەش قىلسىلا، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!